# 106597 ـ ھەدىيە ۋە قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ ياش چەكلىمىسى توغرىسىدا

## سۇئال

ھەدىيە ۋە قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋانلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇئەييەن ياش چەكلىمىسى بارمۇ؟ ئۇ چەكلىمىگە يەتمىگەنلىرىنى بوغۇزلاش توغرا بولامدۇ؟، ئاللاھ تائالانىڭ «ئۆمرى قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمەن بولغان ئادەم (يەنى ھەجدىن بۇرۇن ئۆمرە قىلىپ تاماملىغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن» دېگەن ئايىتىنى قانداق چۈشىنىمىز؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

"شەرئى دەلىللەر ھەدىيە ـ قۇربانلىقتا، ئالتە ئايلىق قوي، بىر ياشقا كىرگەن ئۆچكە، ئىككى ياشقا كىرگەن كالا ۋە بەش ياشقا كىرگەن تۆگە يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، يېشى بۇنىڭدىن كىچىك بولسا قۇربانلىق قىلىش ياكى ھەدىيە قىلىشقا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: «نېمە ئوڭاي بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئىزاھاتىدۇر، چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ دەلىللىرى بىر ـ بىرىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابە كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن".

"سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمي تەتقىقات ۋە پەتىۋالار دائىمي كومىتېتى. شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز، شەيخ ئابدۇرراززاق ئەپىيى، شەيخ ئابدۇللاھ غۇدەييان ۋە شەيخ ئابدۇللاھ بىن قەئۇد قاتارلىقلار. ["پەتىۋالار دائىمي كومىتېتى" 11-توم 376-بەت].